# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 7 - ئاي
18
شەنبە
维吾尔文 7 月18日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
新疆日报网：www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65－0002/－W
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57　ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com　25126 - سان　بۈگۈن 4 بەت


يېقىندىن ئاشقان تۇرلۇك قەرز پۇل 136 مىليارد 840 مىليون يۈەن بولدى

## ئالدىنقى يېرىم يىلدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قەرز پۇل يېڭىدىن ئېشىش مىقداردا ئون يىلدىكى يېڭى يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ يۈنفېي
نىڭ خەلق بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى مەركىزىي تارماق بانكىسىدىن ئىگىلىشىچە، 6 - ئاينىڭ ئاخىردا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇق سوممىسى 2 تىرىليون 190 مىليارد يۈەن بولۇپ، يىللىق ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 11.8% ئاشقان؛ ئالدىنقى يېرىم يىلدا يېڭىدىن ئاشقان تۈرلۈك قەرز پۇل 136 مىليارد 840 مىليون يۈەن بولۇپ، يىللىق ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 67 مىليارد 270 مىليون يۈەن كۆپ ئېشىپ، ئېشىش مىقداردا ئون يىلدىكى يېڭى يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلغان.

ئالدىنقى يېرىم يىلدا، خەلق بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى مەركىزىي تارماق بانكىسى كۆپ خىل پۇل سىياسىتى قوراللىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، تەتۈر دەۋرىيلىك تەڭشەش سالمىقىنى زورايتىپ، بانكا كەسپىنى قەرز پۇل تارقىتىش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىشقا يېتەكلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تولۇق مەبلەغ كاپالىتى بىلەن تەمىنلىدى.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا قەرز پۇلنىڭ ئېشىش سۈرئىتى كۆرۈنەرلىك ئاشتى. 6 - ئاينىڭ ئاخىردا، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ
(ئاخىرى 2 - بەتتە)

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىن ئېچىپ

# كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى تەتقىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرما قىلدى

## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتى 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى يىغىن ئېچىپ، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى تەتقىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى.

شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: 6 - ئايدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ، تەدبىرلەرنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، دۆلەت كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش باش قوماندانلىق ئىشتابى، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار ۋە ئورۇنلار ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، زىچ ھەمكارلىشىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى ۋە قوراللىق ساقچى قىسىم ئاچقۇچلۇق پەيتتە زەربىدار ئەترەتلىك رولىنى جارى قىلدۇردى، كەڭ كادىرلار، ئاممىنى ئىنتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلدى، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش سىستېمىسى مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتى تەرتىپلىك، كۈچلۈك ئالغا سىلجىتىلىپ، پائال نەتىجە - ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خەلقنىڭ ھاياتى، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە مۇناسىۋەتلىك، ئاشلىق بىخەتەرلىكى، ئىقتىساد بىخەتەرلىكى، جەمئىيەت بىخەتەرلىكى، دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە مۇناسىۋەتلىك. بۇ يىل ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىدىغان يىل، شۇنداقلا «13 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان تاماملىنىدىغان يىل، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئىنتايىن مۇھىم. ھەرقايسى ئالاقىدار رايونلار، تارماقلار ۋە ئورۇنلار باشتىن - ئاخىر خەلقنىڭ ھاياتى، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، تېخىمۇ كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھازىر، پۈتۈن مەملىكەتتە كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش «7 - ئاينىڭ ئاخىرى، 8 - ئاينىڭ بېشى» باسقۇچىغا كىردى، چاڭجىياڭ دەرياسى ئېقىن رايونىنىڭ ئوتتۇرا، يۇقىرى ئېقىندىكى رايونلاردا يامغۇر يەنىلا بىرقەدەر كۆپ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، يۇقىرى ئېقىنى، خەيخې دەرياسى، سۇڭخۇاجياڭ دەرياسى، خۇەيخې دەرياسى ئېقىن رايونلىرىدا بىرقەدەر ئېغىر كەلكۈن ئەھۋالى يۈز بېرىشى مۇمكىن، جەنۇب، شىمالدىكى دەريالارنىڭ كەلكۈندىن بىخەتەر ئۆتۈشىنى جەزمەن بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇپ، تەشكىلىي رەھبەرلىك ۋە مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ئالدىنى ئېلىش،
(ئاخىرى 2 - بەتتە)

هاللىق تۇرمۇشىمىزغا ئاتلىنايلى

ئالتاي ۋىلايىتى جىغان كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ئېكولوگىيە ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش يولىدا ماڭدى

## «ئالتۇن جىغان»نى كەڭ ئۆستۈرۈش　ياخشى كۈن كەچۈرۈش

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز جاۋ چۈنخۇا، گې يوۋجۈن، ۋاڭ جىن، لۇ يىخەن، جاڭ ئاۋ

6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، قابا ناھىيەسىنىڭ كۆلباي بازىرىدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلە داستان تالغاتبېك ئادەتتىكى كۈنلەرگە ئوخشاش كىچىك ئاپتوموبىلىنى ئوت ئالدۇرۇپ، خوتۇنىنى ئېلىپ ئۆيىدىن يەتتە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى شىنجاڭ كاڭيۈەن بىيوتېخنىكا گۇرۇھى پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ زاۋۇتىغا ئىشقا ماڭدى. ئۇ ئائىلىسىنىڭ جىغانلىقىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئاپتوموبىلنى توختىتىپ: «بۇ كۈن سۇغارساق بولغۇدەك، ئېتىزدىكى ‹ئالتۇن جىغان›لار قانداق ئۆسۈۋاتىدىكىن، قاراپ باقايلى» دېدى.

كۆز ئالدىدىكى 100 مو ئەتىلىك جىغان «شىپىچيۇخۇڭ» بوك - باراقسان ئۆسكەنىدى. ئېگىز شاخلاردا خۇددى سۆگەت يوپۇرمىقىدەك ئىنچىكە ئۆسكەن جىغان يوپۇرماقلىرى قويۇق بولسىمۇ، لېكىن تىرناقتەك چوڭلۇقتىكى غۇچچىدە چۈشكەن ياپېشىل ئەتىلىك جىغانلارنى يوشۇرۇپ قالالمىغانىدى. يەنە ئىككى ئايدىن كېيىن، داستان ئېيتقان بۇ «ئالتۇن جىغان»لاردىن ھوسۇل ئېلىناتتى.

«يەر ئۈستىدىكى كۆنلۈك، يەر يۈزىدىكى گىلەم، يەر ئاستىدىكى سۇ ساقلاش كۆلچىكى» دەپ تەرىپلىنىدىغان جىغان ئۆزىنىڭ بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈپ قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش، سۇ مەنبەسىنى ساقلاش رولى ۋە كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي قىممىتى بىلەن، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ يېشىل ئېكولوگىيە كەسپى ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش يولىدا مېڭىشى ئۈچۈن بىر كۆزنەك ئېچىپ بەردى.
(ئاخىرى 2 - بەتتە)

سكانېرلاپ سىننى كۆرۈڭ

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتايلى

ئۈرۈمچى يادرولۇق رايون سودا ئەشيا ئوبوروتى مەركىزىنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلگەن نۇسخىسنى بەرپا قىلىپ

## قورۇقلۇق پورتى، ئاۋىياتسىيە پورتىنىڭ بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ يۈڭفېينىڭ 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن 2020 - يىلى ئالدىنقى يېرىم يىللىق يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدىن ئىگىلىشىچە، ئالدىنقى يېرىم يىلدا، ئۈرۈمچى پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئالاقىلىشىش مېخانىزمى، رايون يىرىك پىلانىنى ئۈدۈللاشتۇرۇش، كەسىپلەرنى يۇغۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىن قورۇقلۇق پورت رايونى ۋە ئاۋىياتسىيە پورت رايونىنىڭ بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولغان.

ئۈرۈمچى خەلقئارا قورۇقلۇق پورت رايونىنىڭ يىرىك پىلان ئورۇنلاشتۇرۇشى «بىر يادرونى گەۋدىلەندۈرۈش، رايون ئىچىدە يۈرۈشلەشتۈرۈش، رايون سىرتىدا بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىش» بولۇپ، يەنى: جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى (ئۈرۈمچى) يىغىلىش مەركىزىدىن ئىبارەت بۇ يادرونى گەۋدىلەندۈرۈش، ئۈنۋېرسال باجدىن خالىي رايون، شىمالىي ۋوگزال ئامبىردا ساقلاش سودا كەسىپ رايونى قاتارلىق رايون ئىچىدىكى يۈرۈشلەشكەن فۇنكسىيەلىك رايون قۇرۇلۇشى تېزلىتىش، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى كۆپلىگەن ئەمەلىي گەۋدە كەسىپلەر باغچە رايونى بىلەن ماسلىشىپ، بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىپ بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلىشتىن ئىبارەت. ئالدىنقى يېرىم يىلدا، «مال توپلاش، باغچە رايونى قۇرۇش، كەسىپلەرنى توپلاشتۇرۇش» تەرەققىيات تەپەككۇرى بويىچە، خەلقئارا قورۇقلۇق پورت رايونى قۇرۇلۇشىدا پائال ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. مال توپلاش جەھەتتە، نۆۋەتچى پويىزلارنى تەشكىللەش مۇلازىمىتى ياخشى ئىشلىنىپ، مال مەنبەسى كېڭەيتىلدى، مىقدار ئاشۇرۇلدى، 6 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىدىن جەمئىي 3678 ى قاتنىدى. باغچە رايونى قۇرۇش جەھەتتە،
(ئاخىرى 3 - بەتتە)



«تومۇز»دا جەڭ قىلىپ، قۇرۇلۇش مۇددىتىگە كاپالەتلىك قىلىش

7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، قۇرۇلۇش خادىملىرى جۇڭگو قاتناش قۇرۇلۇشى گۇرۇھى شىنجاڭ ئۈرۈمچى - لوپنۇر تاشيولىنىڭ يېتىمبۇلاقتىن چاقىلىقىچە بولغان 5 - بۆلىكىدە يول ياساش مەشغۇلاتى قىلماقتا. شۇ كۈنى تومۇز كىرگەن بولۇپ، نەچچە مىڭ قۇرۇلۇشچى يۇقىرى تېمپېراتۇرىغا قارىماي، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ گىرۋىكىدىكى قۇرۇلۇش نەق مەيدانىدا جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، قۇرۇلۇشنىڭ قەرەلىدە تاماملىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلماقتا. □ چۆ. خورە فوتوسى

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى سىن يىغىنى ئاچتى

## يۇقۇمنىڭ تارقىلىشى، يامرىشىنى قەتئىي توسۇش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى سىن يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت تەلىپى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدە يېڭىدىن بايقالغان يۇقۇمغا قارىتا، ئەڭ قەتئىي، ئەڭ كەسكىن، ئەڭ قاتتىق تەدبىر قوللىنىپ، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىپ، تىزگىنلەپ، دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىپ، تىزگىنلەپ، ئىرادىدىن سىپىل ھاسىل قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش تەلەپ قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ قوماندانى لى پېڭشىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.
(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# ئۈرۈمچىدە بازار تەمىناتى تولۇق، باھا تەكشى، مۇقىم بولدى



7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، شەھەر ئاھالىلىرى ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونىدىكى بىر مەھەللە كۆكتات بىۋاستە سېتىش دۇكىنىدا كۆكتات تاللىماقتا.
□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ئۆتكۈر نىجات فوتوسى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **يۈ شى، جاۋ يۈ، يې شياۋمىن** خەۋەر قىلىدۇ: ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى تارماقلار كۈچلۈك كاپالەتلەندۈرۈش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، ئاممىنى تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرى ۋە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيالىرى بىلەن ئۈنۈملۈك تەمىنلەشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. نۆۋەتتە، ئاشلىق، ياغ، گۆش، كۆكتات، تۇخۇم، سۈت قاتارلىق ماددىي ئەشيالارنىڭ زاپىسى تولۇق، تەمىناتى مۇقىم، باھاسى تەكشى، مۇقىم بولماقتا.

مال كىرگۈزۈش يوللىرىنى كېڭەيتىش، تاۋارلارنى بازارغا سېلىشنى كۆپەيتىش، ئامبار زاپىسىنى تولۇقلاش ئۈچۈن، دوستلۇق گۇرۇھى تەمىنلەش سودىگەرلىرى بىلەن ۋاقتىدا ئۇدۇللىشىپ، گۈرۈچ، ئۇن، ياغ، مېۋە - كۆكتات، گۆش قاتارلىق ماددىي ئەشيالارنى كۆپلىگەن تەمىنلەش يوللىرى ئارقىلىق تەمىنلەشنى ئىشقا ئاشۇردى.
(ئاخىرى 4 - بەتتە)

يېڭى يۇقۇم ۋەزىيىتىگە قارىتا

## ئۈرۈمچى تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى چۈنشيانىڭ** ئۈرۈمچى شەھەرلىك كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەركىزىدىن ئىگىلىشىچە، 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى سائەت نۆلدىن 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى سائەت 12گىچە، ئۈرۈمچى شەھىرىدە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىدىن بەشى، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىدىن سەككىزى يېڭىدىن كۆپەيگەن. 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى سائەت نۆلدىن 17 - كۈنى سائەت 12گىچە، ئۈرۈمچى شەھىرىدە ھازىر بار بولغان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى ئالتە، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچى 11 بولۇپ، ھەممىسى مۇۋاپىق داۋالاش، قۇتقۇزۇش ۋە ئايرىپ تېببىي كۆزىتىشكە ئېرىشكەن.

بۇ قېتىملىق يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش لايىھەسىنى دەرھال قوزغىتىپ،
(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## ئالاقىزادە بولۇشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق، ئىدىيەدە قەتئىي بىخۇدلۇق قىلمايلى

سۆز ھەممىگە

□ شىن ياپىڭ

ئۈرۈمچىدە يېڭىدىن كۆپەيگەن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىساللىرىنىڭ كۆرۈلگەنلىك خەۋىرى كىشىلەر قەلبىدە ئازدۇر - كۆپتۇر كۆلەڭگە پەيدا قىلدى. ئەمما شۇنىڭغا ئىشىنىشىمىز كېرەككى، ئالدىنقى مەزگىلدىكى يۇقۇمغا جاۋابەن تاقابىل تۇرۇشتا توپلىغان تەجرىبىلەر ئاساسىدا، بىز ئىدىيەدە بىخۇدلاشماي، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى پۇختا، ئىنچىكە، جايىدا تۇتساقلا، ئالاقىزادە بولۇشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق.
(ئاخىرى 3 - بەتتە)